**شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە**

**«قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش»قا كۈچ سەرپ قىلىش:**

# كارخانىلارغا ھاياتىي كۈچ قوشۇپ، پۇقرالارنىڭ ئىش بېجىرىشىنى ئاسانلاشتۇردى

**باش شۇجى كۆڭۈل بۆلگەن پۇقرالارنىڭ ئەتراپىدىكى ئىشلار**

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى

دەريا - ئېقىنلارنى يىراقتا ئاققۇزۇش ئۈچۈن، جەزمەن مەنبەسىنى راۋاجلاشتۇرۇش كېرەك. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، كارخانىلار ۋە ئامما يولۇققان قىيىن نۇقتا، ئاغرىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدا كۆپ قېتىم مۇھىم، زور تەدبىر ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىلارنى يولغا قويدى.

«ئىش قىلىپ ئېگىلىك تىكلەش ۋە تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇش» «كارخانىلار، ئاممىنىڭ ئىش بېجىرىشى قىيىن بولۇش، ئىش بېجىرىشى ئاستا بولۇش، كۆپ جايغا قاتراش، كۆپ قاتراش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ھەل قىلىش»... ھەرقايسى جايلار بۇ ھەقتە كۈچ سەرپ قىلىپ، بىر مەيدان سىجىل چوڭقۇرلاشقان «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى كۈچلۈك ئالغا سىلجىتىپ، كارخانىلار، ئاممىنىڭ بىردەك «ماختاش»ىغا ئېرىشتى.

## ■ سوزۇلما ئېغىر كېسەلگە بىۋاستە يۈزلىنىپ، ئىش بېجىرىش قىيىن بولۇش ھەل قىلىندى

«بىز ماتېرىيالنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، بىرەر ئايدىلا كان ئېچىش شەكلىنى ئۆزگەرتىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بولدۇق» دېدى يېقىندا ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى تەبىئىي بايلىق مەمۇرىي ئىشلار زالىدا، كان ئېچىش ھوقۇقىنى ئۆزگەرتىپ تىزىملاشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىتىش رەسمىيىتى بېجىرىۋاتقان ۋاڭ يۈڭلياڭ مۇخبىرلارغا. ئىگىلىنىشچە، ئىلگىرى ئالاقىدار تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش ئۈچۈن، ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت كېتىدىكەن، ھازىر «ئارقىمۇئارقا» تەكشۈرۈپ تەستىقلاش «يانداش» تەكشۈرۈپ تەستىقلاشقا ئۆزگەرتىلىپ، ئۈنۈم روشەن ئېشىپتۇ.

«بىز ‹ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى ئاممىنىڭ ئىش بېجىرىشى قىيىن بولۇشىنى ھەل قىلىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، كەسىپ بېجىرىش جەريانىدىكى توسۇق نۇقتا ۋە ئاغرىق نۇقتىلىرىنى تېپىپ چىقتۇق ۋە توغرا تاپتۇق» دېدى ئىچكى موڭغۇل تەبىئىي بايلىق مەمۇرىي ئىشلار زالى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ياڭ شۇاڭ.

«مەمۇرىي ئىشلار مۇلازىمىتىدە ساقلانغان مەسىلىلەرگە قارىتا، بىز يېقىنقى مەزگىلدە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋاقتىنى قىسقارتتۇق، مەسىلەن: كانچىلىق ھوقۇقىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋاقىت چېكىنى ئىلگىرىكى 22 خىزمەت كۈنىدىن 13 خىزمەت كۈنىگە قىسقارتتۇق، كارخانىلارنىڭ ئىنكاسى ئىنتايىن ياخشى بولدى» دېدى ئىچكى موڭغۇل تەبىئىي بايلىق نازارىتى كانچىلىق ھوقۇقى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى ۋاڭ بوفېڭ.

«بىز ‹ئاددىيلاشتۇرۇش› جەھەتتە ھەقىقىي تەدبىر قوللىنىپ، تەڭ بېجىرىشكە بولىدىغان تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئىشلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەلالاشتۇرۇپ، بىرلەشتۈرۈپ، ئېلىنىدىغان ماتېرىياللارنى ئىخچاملىدۇق» دېدى بۇ نازارەتنىڭ دۆلەت زېمىن بوشلۇقىدىن پايدىلىنىشنى تىزگىنلەش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى تيەن يى.

«قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئىش بېجىرىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ياخشىلاش ھازىر پۈتۈن مەملىكەتتىكى نۇرغۇن جايلارنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدىكى مۇھىم تۇتقۇسىغا ئايلاندى.

شاڭخەيدە مەمۇرىي ئىشلار مۇلازىمىتىنىڭ «ياخشى - ناچارلىقىنى باھالاش» تۈزۈمى تېزدىن ئورنىتىلىۋاتقان بولۇپ، كارخانىلار بىلەن ئامما ھەقىقىي تۈردە ئىسلاھاتنى نازارەت قىلغۇچىلارغا، ئىلگىرى سۈرگۈچىلەرگە، مەنپەئەتلەنگۈچىلەرگە ئايلانماقتا.

جىلىن ئۆلكىسى جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش نازارىتى «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىپ، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇشقا دائىر 43 تۈرلۈك تەدبىر» ۋە «مەمۇرىي تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتىكى ‹بىر بېكەت شەكلى›دە مۇلازىمەت قىلىشنىڭ 27 تۈرلۈك كاپالەت تەدبىرى»نى تۈزۈپ چىقىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇردى.

## ■ كۆپ خىل «ماھارەت» ئارقىلىق «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى

«كۆرۈشمەي تۇرۇپ تەكشۈرۈپ تەستىقلاش» «بىر كۆزنەكتە مۇلازىمەت قىلىش» «يەككە كۆزنەك» «كىنىشكىلارنى ئازايتىپ، خەلققە قولايلىق يارىتىش»... ئاممىنىڭ ئىش بېجىرىشى قىيىن بولۇش، كۆپ قاتراش، بېجىرىش ۋاقتى ئۇزاق بولۇش، «غەلىتە ئىسپات» قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، ھەرقايسى جايلار، تارماقلار يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەقىقىي ئىش كۆرۈپ، ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ، ئىسلاھاتقا كۈچەپ تۈرتكە بولدى.

جياڭسۇ ئۆلكىسى «توردا بېجىرىش، مەركەزلەشتۈرۈپ تەستىقلاش، بىرلىشىپ تەكشۈرۈش، رايون باھالاش، ۋاكالىتەن بېجىرىش، كۆرۈشمەسلىك» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان «كۆرۈشمەي تۇرۇپ تەكشۈرۈپ تەستىقلاش (مۇلازىمەت قىلىش)» ئىسلاھاتىنى يولغا قويدى. پۈتۈن ئۆلكە بويىچە تەسىس قىلىنغان 13 رايون - شەھەر، 96 ناھىيە (شەھەر، رايون)نىڭ ھەممىسى «كۆرۈشمەي تۇرۇپ تەكشۈرۈپ تەستىقلاش» ئىسلاھات لايىھەسى ۋە تىزىملىكىنى تۈزدى، قاپلاش دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، قولايلىق بولۇش دەرىجىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

«بىزنىڭ بۇ يەردە كارخانا قۇرۇش رەسمىيىتىنى پۈتۈن مۇساپىدە توردا بېجىرىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.» نەنجىڭ شەھىرى جياڭنىڭ رايونلۇق مەمۇرىي تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى جاڭ ۋېنجيەن مۇنداق دېدى: «بانكا - ھۆكۈمەت ھەمكارلىقى»نى تىرەك قىلىپ، بانكا تور نۇقتىسىدىكى بېجىرىشكە يېتەكچىلىك قىلغۇچى خادىملار بېجىرگۈچىلەرنىڭ كارخانىنىڭ نامىنى ئۆز ئالدىغا ئىلتىماس قىلىش، تەسىس قىلىشنى تىزىملىتىش قاتارلىق رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشكە ياردەملىشىدۇ. تىزىملاش ئورگانلىرى ئىلتىماس قىلغۇچىلار يوللىغان ئېلېكترونلۇق سانلىق مەلۇماتقا ئاساسەن، ئېلېكترونلۇق ئىمزا، ھۆججەت مەزمۇنىنى تەكشۈرۈپ، توردا قوبۇل قىلىپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ.

نۆۋەتتە، بۇ رايون سەككىز بانكا بىلەن ھەمكارلاشقان بولۇپ، ۋاكالىتەن بېجىرىش تور نۇقتىسىدىن 30ى بار، بۇلتۇر 1800دىن ئارتۇق مۇئامىلىدارنىڭ شىركەت تىزىملىتىش رەسمىيىتى پۈتۈن مۇساپىدە ئېلېكترونلۇق بېجىرىلدى.

جېجياڭ ئۆلكىسى دېچىڭ ناھىيەلىك ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئىدارىسى «بىر كۆزنەكتە مۇلازىمەت قىلىش»نى يولغا قويۇپ، بىر كۆزنەكتە مەسلىھەت بېرىش، ماتېرىيال قوبۇل قىلىش - كىنىشكا چىقىرىشنى ئىشقا ئاشۇردى ھەم كەسپىي، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ھۆكۈمەت ھەقسىز ۋاكالىتەن بېجىرىش قوشۇنىنى تەشكىللەپ قۇردى: ھۆكۈمەتنىڭ ۋاكالىتەن بېجىرگۈچىسى كارخانىلارنى ھەقسىز ھالدا ئىشتىن بۇرۇنقى پىلانلاش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كونكرېت ئىشلارنى ماسلاشتۇردى؛ كەسىپ بېجىرگەندە، ۋاكالىتەن قاتراش، ۋاكالىتەن بېجىرىش، مەسلىھەت بېرىش - يېتەكچىلىك قىلىش، ئالاقىلىشىش - ماسلاشتۇرۇش قاتارلىق مۇلازىمەتلەر بىلەن ھەقسىز تەمىنلەپ، كارخانىلارنىڭ تور سۇپىسى ئارقىلىق تۈر ئىلتىماس قىلىشىغا ياردەملەشتى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى؛ ئىشتىن كېيىنكى يۈرۈشلەشكەن مۇلازىمەتتە بولسا، تۈر پۈتۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش باسقۇچىدا بىرلىشىپ ئۆلچەپ - سىزىش، بىرلىشىپ چارلاش، بىرلىشىپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنى قانات يايدۇرۇشقا ھەقسىز ياردەملىشىپ، كارخانىلارنىڭ ۋاقتىنى تېجىدى، خاتىرجەم قىلدى، پۇلىنى تېجەپ بەردى...

كۆكخوت تاموژنىسى خەلقئارا سودىدىكى «يەككە كۆزنەك» قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئىلتىماس قىلغۇچىلارنىڭ ئېلېكترونلۇق پورت سۇپىسى ئارقىلىق بىر چېكىپ كىرىشى، ئالاقىدار تالون ۋە ئېلېكترونلۇق ئۇچۇرلارنى بىر قېتىمدىلا يوللىشىنى ئىشقا ئاشۇردى، ئالاقىدار تارماقلار ئېلېكترونلۇق پورت سۇپىسىدا سانلىق مەلۇمات ئۇچۇرلىرىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش ھەم باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، سانلىق مەلۇماتلاردىن كۆپ پايدىلىنىش، كارخانىلارنى ئاز قاتراتىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى.

ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان قىسمەن «غەلىتە ئىسپات»لارغا قارىتا، ئەدلىيە مىنىستىرلىقى ئىسپات تۈرلىرىنى ئېنىقلاش خىزمىتىنى كۈچەپ ياخشى تەشكىللەپ، ئېنىقلاش پرىنسىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئالاقىلىشىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، ئورۇنلاشتۇرما خىزمىتى ھۆججىتى قاتارلىقلارنى تۈزۈپ تارقىتىپ، جۇڭگو قانۇن مۇلازىمىتى تورىدا مەخسۇس «ئاممىنىڭ تەنقىدى —— ئىسپات تۈرلىرىنى ئېنىقلاش، ئەرز قىلىش، نازارەت قىلىش سۇپىسى» تەسىس قىلىپ، ئاممىنىڭ ئەرزىنى بىر تەرەپ قىلدى. ئەدلىيە مىنىستىرلىقى مەمۇرىي قانۇن ئىجراسىنى ماسلاشتۇرۇش، نازارەت قىلىش ئىدارىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ يىل 4 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار جەمئىي 13 مىڭدىن كۆپرەك ئىسپات تۈرىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان.

## ■ ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇتۇلۇپ، ئېرىشىش تۇيغۇسى كۈچەيتىلدى

«قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ تىجارەت - سودا مۇھىتى كۆرۈنەرلىك ئەلالاشتۇرۇلدى، پۇقرالارنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسىمۇ بارغانسېرى كۈچەيدى.

—— تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئاددىيلاشتى، قاتراش ئازايدى. دېچىڭ ناھىيەسىدىكى بىر گىرىم بۇيۇملىرى شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: شىركەت يىلدا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان داۋالاشقا ئىشلىتىلىدىغان پەرۋىش مەھسۇلاتى قاتارلىقلارنى ئىلتىماس قىلىشنى ھازىر بىرلا كۆزنەكتە بېجىرەلەيدىغان بولدى، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىدىن ئىلگىرى يەتتە كۆزنەككە قاتراشقا توغرا كېلەتتى، مەلۇم قىلىش ماتېرىياللىرىمۇ ئىلگىرىكىدىن 70 نەچچە نۇسخا ئازايدى.

نەنجىڭ شەھىرى يېقىندا مەمۇرىي ئىشلار مۇلازىمىتى بويىچە شەخسلەر ئىش بېجىرىشتە «بىر كىنىشكا بىلەن پۈتتۈرۈش» ئىسلاھاتىنى يولغا قويدى، تۇنجى تۈركۈمدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى، خەلق ئىشلىرى، قاتناش - ترانسپورت، سەھىيە - ساغلاملىق قاتارلىق يەتتە تارماققا چېتىلىدىغان 119 «بىر كىنىشكا بىلەن پۈتتۈرۈش» شەخسلەر ئىش تۈرى رەسمىي يولغا قويۇلدى. «بۇنىڭدىن كېيىن يول يۈرۈش كىنىشكىسىنى تولۇقلاپ ئېلىش، پاسپورت بېجىرىش قاتارلىق ئىشلاردا كىملىك بولسىلا بولىدۇ» دېدى نەنجىڭ شەھىرى ئاھالىسى لى گوچياڭ.

—— ئېلىنىدىغان ھەق تۆۋەنلىدى، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش چىڭىدى. دېچىڭ ناھىيەسى ئېنېرگىيە تېجىنىكىسىنى باھالاش، مۇھىت تەسىرىنى باھالاش، سۇ - تۇپراقنى ساقلاشنى تېخنىكا جەھەتتىن باھالاش، قېزىلىشنى توختاپ قالغان كان ۋە گېئولوگىيەلىك ئاپەت قاتارلىقلارنى رايون بويىچە باھالاشنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، «كارخانا يەككە تۈر بويىچە ھەق تۆلەش»نى «ھۆكۈمەت بىرتۇتاش ھۆددىگە ئېلىپ تۆلەش»كە ئۆزگەرتتى، كارخانىلارنىڭ مۇھىت باھالاش، ئېنېرگىيە باھالاش، سۇ - تۇپراقنى ساقلاش جەھەتتىكى ئۈچ تۈرلۈك چىقىمى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى.

دۆلەت بازارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش باش ئىدارىسى بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا كارخانىلارغا چېتىلىدىغان ھەق ئېلىش قىلمىشلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، بۇلتۇر 5 - ئايدىن 12 - ئايغىچە، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن جەمئىي 10 مىڭدىن كۆپرەكنى تەكشۈرۈپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ئېلىنغان 620 مىليون يۈەن پۇلنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. بۇ يىل، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يەرلىك ھەر دەرىجىلىك بازارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تارماقلىرىدىن ھەق ئېلىشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئۈستىگە ئېلىپ، كارخانىلارغا چېتىلىدىغان ھەق ئېلىشنى مەخسۇس تۈزەشنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

—— ئۈنۈم ئاشتى، بېجىرىش تېزلەشتى. جۇڭگو تاشقى سودا ترانسپورتى ئىچكى موڭغۇل شىركىتىنىڭ دىرېكتورى دۇ جياڭ مۇنداق بىلدۈردى: خەلقئارا سودىدىكى «يەككە كۆزنەك» مۇلازىمىتى مالنىڭ تاموژنىدىن ئۆتۈش ۋاقتى ئۈنۈمىگە ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلدى، «ئىلگىرى، بىز تىرىك چارۋىنى تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلغاندا، دائىم بىر قېتىمدا ئون نەچچە مەلۇم قىلىش جەدۋىلى يوللايتتۇق، بۇ تاۋار تەكشۈرۈش، باج ئېلىش قاتارلىق تارماقلارغا چېتىلاتتى، ھازىر «يەككە كۆزنەك» ئارقىلىق ئېلېكترونلۇق ئىلتىماس قىلىش، ئېلېكترونلۇق باج تۆلەش، ئاپتوماتىك ماڭدۇرۇش، مال ئېلىش قاتارلىق ئالتە تەرتىپنى بېجىرىش ۋاقتى ئىلگىرىكى ئەڭ تېز بولغاندا ئىككى كۈن كېتىشتىن يېرىم كۈنگە قىسقاردى».

جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ چاڭجۇ شەھىرىدە ئوق پويىز، ئايروپىلان تاختا ماتېرىيالى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۇڭۋېي جىيايى يېڭى ماتېرىيال پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى 2018 - يىلى 3 - ئايدا يېڭىدىن زاۋۇت ئۆيى سالدى. «ئىلگىرى تارماقلارغا بىر - بىرلەپ قاتراشقا ئاز دېگەندە بىر يىل ۋاقىت كېتەتتى. بۇ قېتىم 16 خىزمەت كۈنىدىلا قۇرۇلۇش قىلىش ئىجازەتنامىسىنى ئالدۇق» دېدى شىركەت ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى جياڭ جۈەن.

دۇنيا بانكىسى ئېلان قىلغان «2019 تىجارەت - سودا مۇھىتى دوكلاتى»دا كۆرسىتىلىشىچە، بۇلتۇر دۆلىتىمىزنىڭ تىجارەت - سودا مۇھىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 32 ئورۇن يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. **(يازغان مۇخبىرلار: يۈ چاڭخۇڭ، يۈ جيا، شېن رۇفا، يۈ دېلياڭ، جاۋ ۋېنجۈن، ۋاڭ چيەن)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇنىڭ ئىچىدىكى قىسمەن بايانلار بىرىنچى قېتىم ئاشكارا ئېلان قىلىندى. مەركەز «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «ئۈزۈندىلەر» «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتىكى ئاساسلىق دەرسلىك ماتېرىيال، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئالاقىدار بايانلىرىنى ئۆگىنىشتىكى مۇھىم ئوقۇشلۇق. «ئۈزۈندىلەر»نى باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئۆگىنىش پىلانىغا كىرگۈزۈپ، پارتىيە ئەزالىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ ياخشى ھالدا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىككى تەرەپ دېڭىزدا نېفىت، تەبىئىي گازنى ئورتاق ئېچىش جەھەتتىكى قەدەمنى تېخىمۇ چوڭراق ئالسا بولىدۇ. «نەنخەي دېڭىزى ھەرىكەت ئۆلچىمى» نەنخەي دېڭىزى ئۈچۈن قائىدە - تۈزۈم تۇرغۇزۇشتىكى ئىجادىيەت بولۇپ، ئىككى تەرەپ «ئۆلچەم»نى بالدۇرراق تۈزۈشكە تۈرتكە بولۇشقا كۈچ چىقىرىپ، جۇڭگو - فىلىپپىننىڭ رايوننىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئورتاق قوغداشتىن ئىبارەت قەتئىي مەيدانى ۋە ئاكتىپ ھالىتىنى نامايان قىلىشى كېرەك.

دۇتېرت جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلىدى، جۇڭگونىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرەققىيات تەجرىبىلىرىنىڭ فىلىپپىننىڭ ئۆگىنىشىگە، ئۆرنەك ئېلىشىغا ئەرزىيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەن رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن بولغان يېقىن دوستلۇقنى قەدىرلەيمەن. جۇڭگو فىلىپپىن ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، فىلىپپىن - جۇڭگو مۇناسىۋىتى يۈز يىللىق ئۇلۇغۋار پىلان. مەن رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن دائىم كۆرۈشۈپ تۇرۇشنى، پىكىر ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىشنى، ئىككى دۆلەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى سىجىل زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئورتاق تۈرتكە بولۇشنى، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى خالايمەن. فىلىپپىن تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ فىلىپپىننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىغا داۋاملىق ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ فىلىپپىننى كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى، يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈزبەرگەن رايوننى قايتا قۇرۇش، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، زەھەر چەكلەش قاتارلىق جەھەتلەردە قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو فىلىپپىننىڭ سەممىي دوستى. شياڭگاڭ مەسىلىسىدە، فىلىپپىن جۇڭگونىڭ قانۇنغا ھەمدە قانۇن بويىچە قانۇنچىللىقنى قوغداش ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىدۇ.

دۇتېرت مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەن ھەمكارلىشىدىغان، قارشىلاشمايدىغان ئۇسۇلنى تاللاش ئارقىلىق نەنخەي دېڭىزى تالاش - تارتىشىنى تىنچ ھەل قىلىشنى، رايوننىڭ دوستانە ھەمكارلىقى، تىنچ، مۇقىم چوڭ ۋەزىيىتىنى قوغداشنى تەشەببۇس قىلىمەن، بۇ مۇشۇ رايوندىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن. فىلىپپىن تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن دېڭىزدا نېفىت، تەبىئىي گازنى ئورتاق ئېچىشنى تېز ئىلگىرى سۈرۈشنى خالايدۇ. فىلىپپىن ھازىرقى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى —— جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرغۇچى دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ «نەنخەي دېڭىزى ھەرىكەت ئۆلچىمى»نى بالدۇرراق تۈزۈشكە تۈرتكە بولۇشقا كۈچ چىقىرىدۇ.

كۆرۈشۈشتىن كېيىن، ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى ئىككى تەرەپ ھەمكارلىق ھۆججەتلىرىنى ئالماشتۇرۇش مۇراسىمىغا ئورتاق گۇۋاھ بولدى. ئىككى تەرەپ يەنە نېفىت، تەبىئىي گاز ھەمكارلىقى ھۆكۈمەتلەر ئارا بىرلەشمە يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى ۋە كارخانىلار ئارا خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئورتاق ئېچىشتا ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

---

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش» خاتىرە مېدالى تارقىتىدۇ

(بېشى 1 - بەتتە)

—— جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقان، ھايات تۇرۇۋاتقان پېشقەدەم جەڭچىلەر، پېشقەدەم يولداشلار؛

—— جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت دەرىجىلىك تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاشقا ئېرىشكەن، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك شان - شەرەپكە ئېرىشكەن ھەم ھايات تۇرۇۋاتقان خادىملار؛

—— جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇرۇشقا قاتنىشىپ شەرەپ بىلەن 1 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تۆھپە يارىتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ھەم ھايات تۇرۇۋاتقان قىسىمدىكى خادىملار (ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)؛

—— جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا كاتتا تۆھپە قوشقان خەلقئارالىق دوستلار.

2019 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن كېيىن ۋاپات بولغانلار بۇ قېتىمقى تارقىتىش دائىرىسى ئىچىگە كىرىدۇ.

خاتىرە مېدالغا ئالتۇن يالىتىلغان مىس ماتېرىيالى ئىشلىتىلگەن، دىيامېتىرى 50 مىللىمېتىر بولۇپ، بەش يۇلتۇز، «70» لېنتىسى، ئىتتىپاقلىق گۈلى تۈگۈچى، رۇيى - قۇت بۇلۇتى ۋە نۇر ئاساسلىق ئامىل قىلىنغان، ئاساسىي رېڭى قىزىل رەڭ ۋە ئالتۇن رەڭ. مەركىزىي قىسمىدىكى بەش يۇلتۇز دۆلەتنىڭ شان - شەرىپىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. «70» لېنتىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 70 يىللىق كۆرەش مۇساپىسىگە سىمۋول قىلىنغان. ئىتتىپاقلىق گۈلى تۈگۈچى بەش يۇلتۇز بىلەن «70» لېنتىسىنىڭ ئەتراپىغا ئورالغان بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش ئارزۇسىنى بىلدۈرىدۇ. خاتىرە مېدال گەۋدىسىنىڭ سىرتقى ئايلانمىسى رۇيى - قۇت بۇلۇتى، نۇردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىگە سىمۋول قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلەش، دۆلەتنىڭ بېيىپ قۇدرەت تېپىشى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى، خەلقنىڭ بەختكە ئېرىشىشىدىكى شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى مەدھىيەلەش ھەمدە 70 يىللىق شانلىق كۆرەش مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئاساسىدا ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، داۋاملىق ئالغا بېسىش قەتئىي ئىرادىسىنى بىلدۈرىدۇ.